# ئاخىرقى زامان يېقىنلاشقاندا مۆمىننىڭ چۈشى ئاسان يالغان چىقمايدۇ، مۆمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاخىرقى زامان يېقىنلاشقاندا مۆمىننىڭ چۈشى ئاسان يالغان چىقمايدۇ، مۆمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر(بۇنداق دېگەنلىك مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ راست چىقىش تەرىپىنى دېمەكچى)»، يەنە بىر رىۋايەتتە:«ئاراڭلاردىكى چۈشى راست چىقىدىغانلار، سىلەرنىڭ راست سۆزلەيدىغىنىڭلاردۇر»دېيىلگەن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئاخىرقى زاماندا مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشى مەيلى يۈز بەرگەن ئىشتىن خەۋەر بېرىش بولسۇن ياكى كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشتىن بىشارەت بولسۇن راست بولۇپ، بۇ خۇددى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ۋەھيىگە ئوخشاشتۇر، مۆمىننىڭ چۈشى پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 پارچىسىدىن بىر پارچىدۇر (بۇنداق دېگەنلىك مۆمىننىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ راست چىقىش تەرىپىنى دېمەكچى) يەنى: مۆمىننىڭ چۈشىمۇ غەيبتىن خەۋەر بېرىشتە پەيغەمبەرلىك ئىلمىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، پەيغەمبەرلىك ئاخىرلاشتى ئەمما ئۇنىڭ ئىلمى باقىدۇر. چۈشنى بۇ سانغا خاس قىلىشتىن بولغان مەقسەت: سەھىھ رىۋايەتلەردە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاتمىش ئۈچ يىل ياشىغان، پەيغەمبەرلىك مۇددىتى يىگىرمە ئۈچ يىل بولغان، چۈنكى ئۇ قىرىق ياشنى تولۇۇقلىغاندا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن، پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ياخشى چۈشلەرنى كۆرەتتى كۆرگەن چۈشلىرى خۇددى سۈبھىنىڭ يورۇقلىقىدەك ئوچۇق بولاتتى، ئاندىن ئويغاق ھالەتتە پەرىشتىنى كۆردى، چۈش ئارقىلىق كۆرۈلگەن ۋەھيىنىڭ مۇددىتى يىگىرمە ئۈچ يىللىق ۋەھيىگە نىسبەتەن ئالتە ئاي بولدى، ئالتە ئاي يىگىرمە ئۈچ يىلنىڭ يىرىم پارچىسى بولىدى، قىرىق ئالتىنىڭ بىر پارچىسى بولىدى. ھەدىستىكى:«ئاراڭلاردىكى چۈشى راست چىقىدىغانلار، سىلەرنىڭ راست سۆزلەيدىغىنىڭلاردۇر»دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئىنسان سۆزىدە راستچىل بولىدىكەن ئۇ كىشى ئالللاھقا يېقىن بولىدۇ، كۆرگەن چۈشلىرىمۇ كۆپ ۋاقىتلاردا راست بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە: «ياخشى چۈش ياخشى مۆمىندىن» دېيىلگەن. ئەمما سۆزىدە راستچىل بولمايدىغان كىشى، ئاشكارا-يوشۇرۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلىدۇ، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى شەيتاننىڭ ئويۇنلىرىنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: چۈشۈم راست بولسۇن دېگەن كىشى راست سۆزلىشى، ھالال يېمەك يېيىشى ۋە بۇيرۇق-چەكلىمىلەرگە تولۇق ئەمەل قىلىشى كېرەك، كامىل تەرەت ئېلىپ، قىبلىگە يۈزلىنىپ، ئۇيقۇسى كەلگىچە ئالللاھنى ياد ئېتىشى كېرەك، ئۇ كىشىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئەلبەتتە يالغان بولمايدۇ